ئالاتاۋ پورتى 160 كۈندە پۈتۈن يىللىق نىشاننى ئورۇنداپ بولدى

# چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئېكسپورت پوسۇلكىسى 20 مىليون دانىنى بۆسۈپ ئۆتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن جياگۈيى** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سائەت 18دە، ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوندىكى چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئايرىش سىزىقى ئىچىدە، ئالاتاۋ تاموژنىسىنىڭ تاموژنا خادىمى جياڭسۇ كۇنشەندىن پولشاغا ئەۋەتىلگەن بىر تۈركۈم جەمئىي 162 مىڭ 900 دانە چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئېكسپورت پوسۇلكىسىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ دەللەۋاتاتتى. ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن كەلگەن سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشچە، شۇ كۈنىگىچە، ئالاتاۋ پورتىدىن ئېكسپورت قىلىنغان چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسىنىڭ سانى 20 مىليون دانىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 20 مىليون 11 مىڭ 100گە يەتكەن.

بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ، ئالاتاۋ پورتى چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا كەسپىنى تۇنجى قېتىم قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، ئالاتاۋ پورتىدىن ئېكسپورت قىلىنغان چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسى مەسلىسىز ئاشتى، كۈندىلىك ئوتتۇرىچە ئېكسپورت سانى 125 مىڭ دانىدىن ئېشىپ، 160 كۈندىلا 20 مىليون دانىلىق پۈتۈن يىللىق نىشان ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

«شىركىتىمىزنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا كەسپ مىقدارى ھەر ئايدا سىجىل ئېشىۋاتىدۇ. ھازىرغىچە، شىركەتنىڭ 6 - ئايدىكى پوسۇلكا سانى 6 مىليون دانىنى بۆسۈپ ئۆتتى. تاموژنا ۋە تۆمۈريول تارماقلىرى بىز ئېكسپورت قىلىدىغان چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىلىرى ئۈچۈن بىر يۈرۈش ماس كېلىدىغان تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش مۇلازىمەت سىياسىتىنى تۈزدى. يۇقىرى ئۈنۈملۈك مەشغۇلات ئەندىزىسى ئارقىلىق بىز ئىككى ھەپتە ئىچىدە چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسىنى ياۋروپاغا توشۇپ، ياۋروپادىكى خېرىدارلارنىڭ چوڭقۇر ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتۇق» دېدى ئالاتاۋ پورتىدىكى مەلۇم ئەشيا ئوبوروتى شىركىتىنىڭ خىزمەتچى خادىمى ۋۇ لاڭ.

نۆۋەتتە، ئالاتاۋ پورتىدىن ئېكسپورت قىلىنىدىغان چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسى ئاساسلىقى ئويۇنچۇق، ئۆي جاھازلىرى، كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، كۈندىلىك چەرچىن ماللار قاتارلىق تاۋارلار بولۇپ، ماللار ئالاتاۋ پورتىغا كەلگەندىن كېيىن، تۆمۈريولدا توشۇلۇش ئارقىلىق بېلگىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقىتىلىپ، ئاندىن ياۋروپا ئىتتىپاقى تاموژنىسىغا چېگرادىن كىرگۈزۈشكە مەلۇم قىلىنىپ، شۇ جايدىكى پوچتا، دونخاۋ تېز يەتكۈزۈشى ياكى UPS تېز يەتكۈزۈشى قاتارلىقلارغا تاپشۇرۇلۇپ تەقسىملەپ يەتكۈزۈلىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئىشەنچى تولۇپ تاشتى» دېدى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، قەشقەر شەھىرىنىڭ يېڭىئۆستەڭ يېزىسى يېڭىقاش كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بېلقىز تۇرسۇن.

يېڭىقاش كەنتى ئېغىر نامرات كەنت، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ئىككى موغا يەتمەيدۇ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىدىن 460 ئائىلىدىكى 1835 كىشى بار، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۈشكۈل. بۇ بىرقانچە يىلدا، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، يېڭىقاش كەنتى «پارتىيە ياچېيكىسى + كارخانا + نامرات ئائىلە» كەپتەر بېقىپ بېيىشتىن ئىبارەت نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ چىقتى. شىنتوۋ كەپتەرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى باچكا بىلەن تەمىنلىدى، نامرات ئائىلىلەر كارخانىغا ۋاكالىتەن كەپتەر باقتى، كەپتەر تۇخۇمى يىغدى، باچكا چىقاردى، كارخانا كەپتەرلەر ئەي بولۇپ، تۇخۇم چىقىرىشقا باشلىغاندىن كېيىن، يەنە كېلىشكەن باھا بويىچە نامرات ئائىلىلەرنىڭ قولىدىن سېتىۋالدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى باچكىلارنى تارقىتىش، سېتىۋېلىش باھاسىنى كېلىشىش، كەپتەر تۇخۇمى، گۆش كەپتىرى سېتىۋېلىش قاتارلىق ئىشلارنى پائال ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرنى ئۆيدىن چىقمايلا كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ سارچوقا يېزىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى پەتقان قۇۋانىش ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھەرىكەت ھالىتىدىكى ئۆچۈرلىرىنى ۋاراقلاپ كۆردى، رەتلىدى، سېلىشتۇردى. «2016 - يىلى بىزنىڭ يېزىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ قالپاقنى ئېلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدە بىز قىلچە بېپەرۋالىق قىلساق بولمايدۇ.» ئۇ مۇنداق دېدى: بىر پارتىيە ئەزاسى نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشتىكى بىر بايراق، نۇرغۇن ئىشلارنى بىز ئالدىن ئويلىشىپ، ئالدىن ھەرىكەتلىنىپ، ھەربىر تۈرلۈك خىزمەتنى پۇختا، ئىنچىكە تۇتۇشىمىز كېرەك.

## تايانچ كۈچ بولۇشقا تىرىشىش ياخشى سىرداش بولۇش

كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ «نامراتلىق»قا قارشى جەڭ قىلىش داۋامىدا تايانچ كۈچ بولۇشقا تىرىشىشى، ياخشى سىرداش بولۇشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى قۇدرەتلىك يۆلەنچۈك ۋە سىياسىي كاپالەت.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، تولى ناھىيەسىنىڭ دولاتى يېزىسى جاماتى كەنتىدە، بىرقانچە كەنت ئاھالىسى بىلەن تولى ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدىن بۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ۋۇ چيۇچيۇڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئىشىنى كېڭەشۋاتاتتى. بەزى كەنت ئاھالىسى ئۆزى باققان يەرلىك توخۇنى ئۇنىڭ ياردەملىشىپ سېتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى، بەزىلىرى ۋۇ چيۇچيۇڭنىڭ ياردەملىشىپ كالا سۈتىنى سېتىش يولىنى ئېچىشىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى... ۋۇ چيۇچيۇڭ دەپتىرىنى چىقىرىپ، كۆپچىلىك ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى بىر-بىرلەپ خاتىرىلىدى، «كۆپچىلىك خاتىرجەم بولۇڭلار، بۈگۈن كەچتە ياچېيكا يىغىنى ئېچىپ ھەل قىلىش لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلىمىز».

2018 - يىلى كەنتتە تۇرغاندىن بۇيان، ۋۇ چيۇچيۇڭ خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نى يېتەكلەپ «يەتتە بىر تۈركۈم» نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرى بويىچە، ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەشكە تەشكىللەش، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش، ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز بىلەن قوللاش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا ياردەم بەردى. بۈگۈنكى كۈندە، جاماتى كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 13 مىڭ يۈەنگە، كەنت كوللېكتىپ ئىقتىسادىي كىرىمى 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پەقەت بىرىنچى قەدەم، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ياخشى كۈنلىرى تېخى ئالدىدا» دېدى ۋۇ چيۇچيۇڭ.

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش يولى تېخى ناھايىتى ئۇزۇن، 1 - شۇجى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارىمەن، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە قوشۇننى قەتئىي قايتۇرمايمەن» دېدى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئاقساراي يېزىسى خۇمدان كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى لى يۇگاڭ.

ئادەم كۆپ، يەر ئاز بولۇش خۇمدان كەنتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يولىدا دۇچ كەلگەن ئەڭ رېئال مەسىلە. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تېگى - تەكتىنى ئىنقىلاش، «كېسەل مەنبەسى»نى توغرا تېپىپ چىقىش نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش. لى يۇگاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كەنت كالا، قوي، توشقان، گۆش كەپتىرى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ چىقىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىم مەنبەسىنى ئىلگىرىكى نوقۇل تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقتىن مائاش خاراكتېرلىك، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك، تىجارەت خاراكتېرلىك، پاي پايدىسىنى تەقسىملەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرگە ئۆزگەرتتى. 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرى، بۇ كەنتتىكى 134 ئائىلىدىكى 618 ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات كەنت ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

## كارخانا مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىش

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا، جەمئىيەت بايلىقىنى بىرىكتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. كەڭ كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلدى.

ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ بايقۇرۇت يېزىسى بايقۇرۇت كەنتى چارۋىچىلىق كەنتى بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى ناچار، كەنت ئاھالىلىرى قوي - كالا بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ، كىرىم سەۋىيەسى تۆۋەنرەك. 2018 - يىلى 12 - ئايدا، 48 ياشلىق تەن شۈەن جۇڭگو خۇاديەن گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى تەرىپىدىن بۇ كەنتكە 1 - شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تاللاپ ئەۋەتىلدى. بىر پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تەن شۈەن «پادىچى» بولۇشنى خالاپ، كەنت ئاھالىلىرىنى باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلىدى.

تەن شۈەننىڭ يېتەكچىلىكىدە، كەنتتە كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى، «ئالاقە تورى + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + چارۋىچى» ئەندىزىسى ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش يوللىرى كېڭەيتىلدى. «ئېسىمدە قېلىشىچە بىر قېتىم 270 پارچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى زاكاز تالونى تاپشۇرۇۋالغاندا، مەن كەنت كادىرلىرى بىلەن بىرلىكتە توپتوغرا ئىككى سائەت باش كۆتۈرمەي تېز يەتكۈزۈش تالونى يازغانىدۇق» دېدى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، بۇ ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى تۇرسۇناخۇن مۆمىن. بۇلتۇرلا، بۇ ھەمكارلىق كوپېراتىپى بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق پۈتۈن مەملىكەتتىكى 30 نەچچە شەھەرگە 50 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق قوي گۆشى، قوتاز گۆشى ساتتى، سېتىش كىرىمى 6 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

«مەن بىر پارتىيە ئەزاسى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تېگىشلىك كۈچ قوشۇش مەسئۇلىيىتىم بار» دېدى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئاقسۇ شەھىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالانغان شىنجاڭ جېنيۈەن ئامانلىق ساقلاش مۇلازىمەت چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى جاۋ ۋېنبىن. ھۆددىگە ئالغان نامرات كەنتتىكى ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن سىرت، بۇلتۇر 5 - ئايدا، جاۋ ۋېنبىننىڭ شىركىتى ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ۋە كەلپىن ناھىيەسىدىن كەلگەن 61 نامرات ئاممىنى شەرتسىز ئىشقا قوبۇل قىلدى، بۇ يىل يەنە 16 نامرات ئامما بۇ شىركەتتە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا ماڭدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھۆل - يېغىنلىق ھاۋا رايىغا نەزەر

# كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا تىيانشاندىن ھالقىپ ئۆتتى پۈتۈن شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم جايلاردا ھۆل - يېغىن بولدى

### مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق ئەسكەرتتى: ئومۇمىي تەسىرىنىڭ پايدىسى زىيىنىدىن چوڭ، بۇغداي تېرىلىدىغان رايونلار يىغىۋېلىش، قۇرۇتۇش، ساقلاشنى ۋاقتىدا ياخشى ئىشلىشى كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شي خۇيبيې**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، بىرقەدەر كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا تىيانشاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدىكى كۆپ قىسىم جايلاردا ھۆل - يېغىن كۆرۈلۈش، قىسمەن تاغلىق رايونلاردا قېلىن قار يېغىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىدىن كەلگەن سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشچە، 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كۈندۈزدىن 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سائەت 18گىچە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ شەرقىي قىسمى، جەنۇبىي قىسمى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ شىمالىي قىسمى، شىخەنزە شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق جايلاردا ئوتتۇراھال ياكى قاتتىق يامغۇر ياغقان، تاغلىق رايونلاردىكى قىسمەن جايلاردا قارا يامغۇر ياغقان. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز رايونلار، مەسىلەن: ئۈرۈمچىدىكى نەنسەن، تيانشان بوغدا كۆلى، ئىلى ئوبلاستىدىكى نىلقا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە تاغلىق رايونى قاتارلىق جايلاردا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قار ياغقان، خېجىڭ ناھىيەسىنىڭ بايىنبۇلاق تاغلىق رايونىدا قېلىن ياكى قاتتىق قار ياغقان، يۇقىرىقى رايونلاردا تېمپېراتۇرا ئومۇميۈزلۈك ئون سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى تۆۋەنلىگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىنىڭ باش ئالدىن مەلۇمات بەرگۈچىسى لۇ شىنشىڭ چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى سوغۇق ھاۋا بىرقەدەر كۈچلۈك بولغاچقا، تىيانشاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ئومۇميۈزلۈك ھۆل - يېغىن بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز رايونلاردا قار يېغىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى».

ئۈرۈمچى شەھىرىدە 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سائەت 6دىن 18گىچە، ھۆل - يېغىن مىقدارى 14.4 مىللىمېترغا يېتىپ، قاتتىق يامغۇر دەرىجىسىگە يېتىپ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ئون سېلسىيە گرادۇس ئەتراپىغا چۈشتى.

بۇ قېتىمقى يامغۇرنىڭ مىقدارى كۆپ، بىراق داۋاملىشىش ۋاقتى ئانچە ئۇزاق بولمىدى. ئالدىن مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشچە، 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېچىدىن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كۈندۈزگىچە، شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم جايلار، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلار، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي قىسمى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، تۇرپان شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلار، قۇمۇل شەھىرى قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم رايونلاردا سىم - سىم ياكى ئازراق يامغۇر ياغىدىكەن. تاغلىق رايونلارنىڭ قىسمەن جايلىرىدا قارا يامغۇر ياغىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ھاۋا ئوچۇق بەزىدە بۇلۇتلۇق بولۇپ، تېمپېراتۇرا تەدرىجىي قايتا ئۆرلەيدىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى مۇنۇلارنى ئەسكەرتتى: بۇ قېتىمقى ھۆل - يېغىن، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش ھاۋا رايى ئاساسلا بۇغداينىڭ سۈتلىشىش مەزگىلدىكى يېتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ پىشقان كۈزگى بۇغدىينى يىغىۋېلىش، قۇرۇتۇشقا ئازراق تەسىر كۆرسىتىدىكەن، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش ئىسسىقنى خالايدىغان زىرائەتلەردىن كېۋەز قاتارلىقلارنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىدىكەن، بىراق كەڭ دائىرىلىك ھۆل - يېغىننىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن پايدىسى زىيىنىدىن چوڭ بولۇپ، ئالدىنقى مەزگىلدىكى شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم رايونلارنىڭ قۇرغاقچىلىق ئەھۋالىنى پەسەيتىشكە پايدىلىق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇغداي تېرىلىدىغان رايونلارنىڭ يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇپ بولغان كۈزگى بۇغدايلارنى ساقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، بىخلاپ قېلىش، كۆكىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى؛ ئېگىز ئورۇنغا تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنى تېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەۋسىيە قىلدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى بۇغداي تېرىلىدىغان رايونلار ئېتىز - ئېرىق پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، يوپۇرماق ئوغۇتى چېچىپ، بوران، ھۆل - يېغىننىڭ سۈتلىشىش مەزگىلدىكى بۇغداينى ياتقۇزۇۋېتىشىدىن ساقلىنىشى ھەم پايدىسىز ھاۋا رايى مەزگىلدىن ساقلىنىپ، پىشقان كۈزگى بۇغداينى ۋاقتىدا تېز يىغىۋېلىشى كېرەك.



▲ 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ساياھەتچىلەر مايتاغ - كۇچا تاشيولىنىڭ نارات بۆلىكىدە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرماقتا.

□ شۇ شۆبىڭ فوتوسى



◄ 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە، تېكەس ناھىيەسىنىڭ قاراجون ئوتلىقىدا قار يېغىپ، پۈتكۈل مەنزىرە رايونى قىش پەسلىگە كىرگەندەك بولدى.

□ گو شىنگۇاڭ فوتوسى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)